□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

بوھتان چاپلاش ۋە يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىمىزنى توسۇپ قالالمايدۇ

□ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نىياز ھاشىم

يېقىندا، پومپېئو ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پەيتىدە، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، يامان غەرەزدە ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ ۋە قەستەن قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. خەلق خاتىرجەملىككە ئىنتىلىدۇ، دۈشمەن مالىمانچىلىققا تەشنا. پومپېئو «يالغاندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، راست ئارىلىشىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ»، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتىكى سايىمان ساندۇقىغا كىرگۈزۈۋېشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى مۇقەررەر ھالدا تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ!

مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان، چەت ـ يىراق يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدىم، داشۆنى پۈتكۈزۈپ يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىپ، پارتىيىنىڭ ياخشى سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يۇرتداشلار بىلەن بىللە، ئەمگەكچان ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، بەختلىك تۇرمۇش ياراتتۇق. خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەريانىدا، مەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن بولۇپ، سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەي، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتىدىغانلىقىنى كۆردۈم؛ مەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكىنى، دىنلارنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم؛ مەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەيلى نوپۇسى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، تەرەققىيات دەرىجىسى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن، ھەممىسىنىڭ باباراۋەر ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق تولۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلەردىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى كۆردۈم. پارتىيىنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۈمۈلۈپ، ۋەتەننىڭ شەپقىتىنى ھېس قىلدىم، مەن ئۆمۈر بويى پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئېتىقادى مۇستەھكەم كوممۇنىست بولۇشقا ئىرادە باغلىدىم.

جەنۇبىي شىنجاڭدا پارتىيە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ماڭا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن كادىر بار، ئۇلار پارتىيىنىڭ قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، جان ـ دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە دۆلەت سۇ تېجەپ تېمىتىپ سۇغىرىش، تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش، تۇجۇپىلەپ تېرىش، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا دورا چېچىش، كۈن نۇرى پارنىكى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى «سوقما تاملىق» «ۋادەك تاملىق» ئۆيلىرى ئاللىقاچان تارىخقا ئايلاندى، ھەممىسى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمىن ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتىدۇ؛ تەبىئىي گاز شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگىچە تۇتاشتۇرۇلدى، پاكىز ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىش زامانىۋى يېزىلارنىڭ يېڭى ئۆلچەملىك سەپلىمىسىگە ئايلاندى؛ شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى تۇتاشتۇرىدىغان تاشيول، تۆمۈريول، ئاۋىياتسىيە قاتناش تورى شەكىللەندى، يىكاپ ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە كىردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى، 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەم داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئوقۇش ياردەم پۇلى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئوقۇش ياردەم فوندى تەسىس قىلىندى… 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇ ۋىلايىتى ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيە يولىغا قەدەم قويدى. بۈگۈنكى شىنجاڭغا نەزەر سالساق، جەمئىيەت مۇقىم، خاتىرجەم، ئىقتىساد گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىنىپ گۈللەندۈرۈلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىناق بولدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىن بولدى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىمەكتە. بىز بۈگۈنكى تەستە قولغا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتكە چىن قەلبىمىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز!

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر مېڭ جياۋنىڭ شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەسكى ئادەملەر يالغان سۆزنى كۆپ قىلىدۇ، ئۇلار نامەرد كېلىدۇ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ نەپكە ئېرىشىدۇ.» پومپېئو دەل مۇشۇنداق «يالغان سۆزلەيدىغان» ئادەم، ئۇنىڭ «نامەرد»لىكىنى بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئېنىق كۆرۈپ يەتتۇق، ئۇنىڭ سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز، بوھتان چاپلاش ۋە يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىمىزنى توسۇپ قالالمايدۇ. پۈرچاق قانچە ئېتىلسىمۇ، قازاننى تېشىۋېتەلمەيدۇ. پومپېئونىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشقا تايىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈش تەدبىرلىرىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشى، ياچۇۋەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ ئۇنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا تۇقۇش، بوھتان چاپلاشقا تايىنىپ شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاق، مۇقىم، تەرەققىي قىلغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغانلىقىدەك ئەخمىقانە خام خىيالى چۇمۇلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتماقچى بولغانلىقىدۇر، ئۇ مۇقەررەر ھالدا تارىخنىڭ سوتلىشىغا ۋە ھېساب ئېلىشىغا ئۇچرايدۇ، مۇقەررەر ھالدا ھەققانىيەت تەرىپىدىن تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۆپۈرۈپ تاشلىنىدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قارا چاپلاپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار بەرگەنلىك. بۇنى مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

پومپېئو ئۆزىنىڭ سىياسىي شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، كۆڭلىگە يامان غەرەز پۈكۈپ، يامان نىيەتتە بولۇپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆز يۇمۇپ، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پەيتىدە قۇرۇق گەپ سېتىپ، يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە زەھەر تارقىتىپ، جۇڭگوغا خالىغانچە تۆھمەت قىلدى، شىنجاڭغا قارا چاپلىدى. قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن ئۇ بەئەينى بىر «غالجىرلاشقان چۈپرەندە»نىڭ ئۆزى بولۇپ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئاغزىنى ئېچىپ كاپىشىپ، ئۆزىنىڭ كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. بىراق، ھەققانىيەت تۇيغۇسى بار، تىنچ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىغا لەنەت ئوقۇيدۇ.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولدۇم، شىنجاڭدا خىزمەت قىلدىم. مەن بىر دېھقان بالىسىدىن داشۆ ئوقۇغۇچىسى بولدۇم ھەم بىر رەھبىرىي كادىر بولۇپ، ھەر ۋاقىت پارتىيىنىڭ ئىللىق نۇرىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم. مەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلاردا ئومۇميۈزلۈك ئالغا باسقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، 19 قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى سىجىل ياخشىلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. مەن پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ھەر يىلى دېگۈدەك جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئايلىنىپ كەلدىم، بارغانلا جايدا بىۋاسىتە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن، ھېس قىلغان كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەر مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى، بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى 25 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە جاپالىق ئەجرى مۇجەسسەملەنگەن.

ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە، پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. پومپېئو پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئۆز مەيلىچە جار سېلىپ، يامان غەرەزدە جۇڭگوغا تۆھمەت قىلىپ، شىنجاڭغا قارا چاپلىدى. ئۇ ئېلان قىلغان بىمەنە سەپسەتىلەر پاكىتنى بۇرمىلىغانلىق، كۆڭلىدە يامانلىق ساقلىغانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن «دىپلوماتىيە مىراسى»غا يەنە بىر ئۆچمەس داغ قوشۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پومپېئونىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە ئىپلاس قىلمىشىغا كىشىلەر جەزمەن لەنەت ئوقۇيدۇ.

ئاغزىدىن يالغان ـ ياۋىداق سۆز تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان پومپېئو مۇقەررەر ھالدا كۆلكە دەستىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ

□ شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى 2 ـ ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىر ۋىراچى مەمتىلى ئەيسا

مەن ئادەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاكا ـ سىڭىل ئالتەيلەن ھازىر شىنجاڭدا ھەرقايسى ساھە، ھەر كەسىپلەردە خىزمەت قىلىۋاتىمىز، تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ. نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ داڭلىق نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى، پىروفېسسور گو خۇەيرۇڭ ۋە پىروفېسسور باۋ يۇخېي مېنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىم ئىدى، ئۇلار ھەم ئۇستازىم، ھەم ئاكام بولۇپ، قولمۇقول ماڭا بىلىم، تېخنىكا ئۆگىتىپ، مېنى تېز ئۆسۈپ يېتىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاغرىقلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. كەسپىي تېخنىكامنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىدارە مېنى بېيجىڭغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى، مەن دۆلىتىمىزنىڭ داڭلىق نېرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى، پىروفېسسور لىڭ فېڭنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتىم.

بۈگۈنكى كۈندە، مەنمۇ نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس ۋە ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولدۇم، مەن بىر ئۆمۈر ئۆگەنگەنلىرىم ئارقىلىق ھەربىر ئاغرىقنى ئاغرىق ئازابىدىن خالاس قىلىمەن. مەن يېتەكلىگەن ئوقۇغۇچىلار كۆپ مىللەتتىن، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇلارنىڭ مېنىڭ يېتەكلىشىمدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدىكى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار، كۆپچىلىك ئۆزئارا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىمىز.

بۇ يىللاردا، مەن دائىم خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دوختۇرخانىلارغا بېرىپ تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى قانات يايدۇردۇق. بىز ھەممىمىز شۇنداق بىر چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇق، ئۇ بولسىمۇ دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىغا سالغان سېلىنمىسى ھەقىقەتەن بەك كۆپ بولدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ھەرقايسى ناھىيىلىرىگە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق سەپلەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سىياسىتىگە مايىللىشىشى ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە، ھەر مىللەت ئامما ئىشىكى ئالدىدىلا ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولدى، ساغلاملىق سەۋىيىسى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستى.

سوراپ باقاي پومپېئو، ئەجەبا بۇ سېنىڭ ئاغزىڭدىكى «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» ۋە «ئىرقىي يوقىتىش» مۇ؟ ئاغزىڭدىن يالغان ـ ياۋىداق سۆزنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرۇشى پەقەت سېنى كۆلكە دەستىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، كىشىلەر ساڭا جەزمەن لەنەت ئوقۇيدۇ.

ئاق ـ قارا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بىر مەيدان رەزىل ئويۇن

□ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت تەتقىقات مەركىزىنىڭ كادىرى ماھىرە ئۇرايىم

شىنجاڭدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا، بۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان بىر ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىسى. بىلىم ئېلىش يولۇمنى ئەسلىسەم، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ رايون ئىچى تولۇقسىز سىنىپىدىن ئىچكىرى رايوندىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغىچە، ئاندىن يەنە جۇڭگو كانچىلىق داشۆسى (بېيجىڭ)گىچە، مەن ئىزچىل پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلدىم. كۆپچىلىكنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن، تىرىشىپ ئوقۇش ئارقىلىق ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرىم، خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىللە ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىپ ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلاندىم.

2014 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.1% ئاشتى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن تولۇق قاپلاش، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشتى. ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 99.7%كە يەتتى، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولدى، ئىچكىرى رايونلاردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى، شىنجاڭ رايون ئىچى تولۇقسىز سىنىپى ئارقىلىق، ماڭا ئوخشاش چەت ـ ياقا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار زامانىۋى دەرسخانىلارغا كىرىپ ئوقۇيالايدىغان، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدىكى مائارىپنى قوبۇل قىلالايدىغان بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلايدىغان بۇ تەدبىرلەر مۇشۇ مۇنبەت تۇپراقتا ياشاۋاتقان بىز ھەممىمىزگە ئايان، بۇلارنى ئۆز بېشىمىزدىن كەچۈردۇق، شۇ سەۋەبتىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللەندى، دىنلار ئىجىل ـ رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى، ھالبۇكى، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، پىتنە ـ ئىغۋا تۇقۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش، ئىنتايىن بىمەنە، رەزىل ئويۇننى ئويناش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەبىھ مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىمەن، بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن. قەتئىي ئىشىنىمەنكى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پومپېئو ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن قالىدىغان پەيتتە، ئويلىمىغان يەردىن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭغا ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ ۋە قەستەن قارا چاپلاپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنياغا يالغان ـ ياۋىداق سۆز تارقىتىشى ئۆزىگە سىياسىي دەسمايە توپلاش ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى سۇيىقەست بولسا جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇش، ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستى پەقەتلا خام خىيال.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولدۇم، شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم ھەم ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولدۇم، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك ھەم گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، مەن پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلققە چەكسىز سادىق، قەلبىم باشتىن ـ ئاخىر چوڭقۇر مىننەتدارلىق ۋە سەممىي مۇھەببەتكە تولغان!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈشتە مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ، پۈتۈن دۇنياغا ئايان. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى، 19 قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى، 2020 ـ يىلى شىنجاڭدا ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، بارلىق مەمۇرىي كەنتلەرگە قاتتىقلاشتۇرۇلغان يول تۇتاشتۇرۇلدى، يولۇچىلار ئاپتوموبىلى قاتنىدى، ئېنېرگىيە توكى تۇتاشتۇرۇلدى، ئوپتىك تالالىق كەڭ بەلباغ تۇتاشتۇرۇلدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن تولۇق قاپلاش، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، «ئۈچ خىل كۈچ» «مىللەت» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «دىن» تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قۇترىتىپ، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسىنى پىلانلاپ ھەم تەشكىللەپ سادىر قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ھەر مىللەت خەلققە غايەت زور زىيان يەتكۈزدى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇپ، تېررورىزم، ئەسەبىيلىكنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، ھەربىر پۇقرانىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىيلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى پومپېئونىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى سۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىق ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، پومپېئونىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە سەممىي، دۇرۇس، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!